دادىل ئوتتۇرىغا چىقىش

تېخىمۇ گۈزەل شىنجاڭ ئارقىلىق تۆھمەت قىلىش، قارا چاپلاشقا قايتۇرما زەربە بېرىمىز

☐ ئۈرۈمچى شەھىرى شۇيموگوۋ رايونىدىكى گاۋجياجۇاڭ مەسچىتىنىڭ ئىمامى ھەمت ئەمەر

يېقىندا، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش «2019 ـ يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە تېررورىزمغا زەربە بېرىشتىكى تىرىشچانلىقىنى خالىغانچە بۇرمىلىدى ۋە ئۇنىڭغا قارا چاپلىدى. ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات بولۇش سۈپىتىم بىلەن، بۇنىڭغا قارىتا قاتتىق غەزەپلىنىدىغانلىقىمنى ۋە قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

مەن قاراقاش ناھىيەسىدىكى بىر ئاددىي دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلدۇم، مەن تەلەيلىك بالا، ياخشى دەۋردە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرگەندىن تارتىپ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگۈچە ئىزچىل پارتىيەنىڭ ئىللىق نۇرى، مېھىر ـ شەپقىتىگە چۆمۈلۈپ كەلدىم. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، 2002 ـ يىلى جۇڭگو ئىسلام دىنى شۆيۈەنىگە ئىمتىھان بېرىپ ئەلا نەتىجە بىلەن ئۆتتۈم. جۇڭگو ئىسلام دىنى شۆيۈەنىدىكى بەش يىللىق ئۆگىنىش، تۇرمۇش جەريانىدا، مەكتەپ مېنىڭ بارلىق ئوقۇش پۇلۇمنى كەچۈرۈم قىلىپلا قالماي، ھەر ئايدا يەنە ماڭا ئاساسىي تۇرمۇش پۇلى بەردى، بۇ پۇللار يېزىدىن كەلگەن مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا، تۇرمۇشتىكى غەم ـ ئەندىشەمنى تۈگەتكەنلىك، ئاتا ـ ئانامنىڭ يۈكىنى يېنىكلەتكەنلىك. بەش يىللىق ئۆگىنىش جەريانىدا، مەن دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقىنى تىرىشىپ ئۆگەندىم، كەسپىي دەرسلەرنى ئەستايىدىللىق بىلەن قېتىرقىنىپ ئۆگەندىم، ئۆگىنىش، تۇرمۇش جەريانىدا ھەر مىللەت ساۋاقداشلىرىم بىلەن ئۆزئارا ياردەم بېرىپ، بىللە يېتىپ ـ قوپۇپ، بىللە ئۆگەندىم. مەكتەپنىڭ كۆرسىتىشى، ئۆزۈمنىڭ تىرىشچانلىقى ھەمدە كۆپچىلىكنىڭ ياردىمىدە مەن ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن يەنە ھۆكۈمەتنىڭ ئەۋەتىشى بىلەن چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. چەت ئەلدە مەن شۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىمكى، پەقەت ۋەتىنىمىزلا بىز جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۆلەنچۈكى ئىكەن، ۋەتەن بىزگە چەت ئەلدە ئوقۇپ بىلىم ئاشۇرۇش پۇرسىتى يارىتىپ بەردى، ۋەتىنىمىزنىڭ قۇدرەت تېپىشى بىزنى باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشتۈردى. چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە، مەن يەنە چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار بىلەن باش ئەلچىخانا ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىلىشىش ۋەزىپىسىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۈستۈمگە ئېلىپ، چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا ۋەتەننىڭ غەمخورلۇقىنى يەتكۈزدۈم، ئۇلارنى باش ئەلچىخانا پائالىيىتىگە قاتنىشىشقا تەشكىللىدىم، چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقان جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى باش ئەلچىخانىغا ۋاقتىدا ئىنكاس قىلدىم. ئىلگىرىكى كۈنلىرىمنى ئەسلىسەم، چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا مېنى تۇغقان، مېنى ئۆستۈرگەن بۇ تۇپراقنى تولىمۇ بەك سېغىنغان، مېنى تەربىيەلىگەن، يېتىشتۈرگەن ئۇلۇغ ۋەتىنىمدىن تولىمۇ مىننەتدار بولغانىدىم.

مېنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش كەچۈرمىشىم شىنجاڭنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە گۈللەنگەنلىكى، تەرەققىي قىلغانلىقىغا گۇۋاھ بولىدۇ. مەن بالىلارنى مەكتەپ ئاپتوموبىلى ئاپىرىپ ـ ئەكېلىدىغانلىقىنى، مەجبۇرىيەت مائارىپىنىڭ ھەقسىز ئىكەنلىكىنى ئۆز بېشىمدىن كەچۈردۈم؛ نامرات ئائىلىلەرنىڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت پۇلى ئالىدىغانلىقىنى، شەھەر ـ يېزا ئائىلىلىرى داۋالىنىش سۇغۇرتىسىنىڭ ئومۇميۈزلۈك قاپلىغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم؛ يېزىلاردا يول، توك، گاز، بىخەتەر سۇ ئىشلىتىش قاتارلىق يۈرۈشلەشكەن ئۇل ئەسلىھەلەرنىڭ تەدرىجىي مۇكەممەللەشكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم؛ شەھەرلەردە ئېگىز بىنالار قەد كۆتۈرۈپ، تيانشاننىڭ جەنۇبى، شىمالىدا قاتناش تەرەپ ـ تەرەپكە تۇتاشتى. ھازىر شىنجاڭ تارىختىكى ئەڭ ياخشى تەرەققىيات مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ، تيانشاننىڭ جەنۇبى، شىمالىدا كىشىنى روھلاندۇرىدىغان ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، مەيلى جەمئىيەت ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيەسى بولسۇن، ياكى خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى بولسۇن، ھەممىسىلا ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ھەر مىللەت خەلقنىڭ بەخت تۇيغۇسى، ئېرىشىش تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك ئاشتى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايون مەسچىتلەردە «يەتتىنى كىرگۈزۈش، ئىككى بولۇش»، «توققۇزنى سەپلەش»نى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە دىنىي پائالىيەت شارائىتىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە ياخشىلىدى، بىز چىن قەلبىمىزدىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ياخشى سىياسىتىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز.

ھازىرغا قەدەر، شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى، بۇ، شىنجاڭ قوللانغان ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش تەدبىرىدە ھەقىقىي ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلگەنلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شىنجاڭغا كەلگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ خاتىرجەم ياشاۋاتقانلىقىنى، ھەر مىللەت خەلقنىڭ بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلاشقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ماقۇللىغان ئاتالمىش «قانۇن لايىھەسى» پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىنىڭ ئۈنۈملۈك كاپالەتلەندۈرۈلگەنلىكىدەك ئوبيېكتىپ پاكىتقا پىسەنت قىلماي، «كىشىلىك ھوقۇق»نى قوغداشنى دەستەك قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى بۇرمىلاپ، ئۇنىڭغا قارا چاپلاپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشتى، جۇڭگونىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە ئىغۋاگەرچىلىك قىلىشقا، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا، جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىپ كۈچىيىشىنى توسۇشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇندى.

بىز ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ رەزىل غەرىزىنى ئېنىق تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار قانچىكى ئىغۋاگەرچىلىك قىلىپ، ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سالغانسېرى، بىز ھەر مىللەت ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللار تېخىمۇ ئىتتىپاقلىشىپ، ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغدىشىمىز كېرەك. بۇ يەردە، مەن ئامېرىكىدىكى ئاشۇ سىياسەتۋازلارغا رەسمىي يوسۇندا نەسىھەت قىلىمەنكى، داۋاملىق ئۆز بېشىمچىلىق قىلماڭلار، ئوتنى كىم تۇتسا، شۇنىڭ قولى كۆيىدۇ! ھەرقانداق كۈچ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇيالمايدۇ، ئىتتىپاقلىشىپ تېخىمۇ گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇش دەل بارلىق بوھتانلارغا بېرىلگەن ئەڭ كۈچلۈك قايتۇرما زەربە!

شىنجاڭنىڭ چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىگە قارا چاپلاشقا بولمايدۇ

☐ كۇچا ناھىيەسىنىڭ ئاقئۆستەڭ يېزىسى بوستان كەنتىدىكى مەسچىتنىڭ ئىمامى ئەنۋەر ئىمىن

يېقىندا، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە تېررورىزمغا زەربە بېرىشتىكى تىرىشچانلىقلىرىنى بۇرمىلاپ ۋە ئۇنىڭغا قارا چاپلاپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىنى ئاساسسىز ئەيىبلەپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشتى. مەن ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات بولۇش سۈپىتىم بىلەن، بۇنىڭغا كۈچلۈك غەزەپلىنىدىغانلىقىمنى ۋە قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

شىنجاڭ ياخشىمۇ ـ ياخشى ئەمەسمۇ، ئەلۋەتتە بۇ يەردە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان ھەر مىللەت خەلقنىڭ دېگىنى ھېساب. مەن ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ كۇچا ناھىيەسىدىكى بىر ئاددىي دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، كىچىك ۋاقتىمدا ئاتا ـ ئانام ئۆز كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق ماڭا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ بىزنى قەد كۆتۈرگۈزۈپ ئۆزىمىزگە ئۆزىمىزنى ئىگە قىلغانلىقىنى، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ بىزنى بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. مەن ئالدىدا جاپالىق، كېيىن بەختلىك بولغان بىر جەرياننى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزدۈم: ئىلگىرى، ئۆيىمىز كېسەك بىلەن سېلىنغان بولۇپ، تۇرۇبا سۈيى ۋە توك يوق ئىدى؛ ئىشىك ئالدىمىز توپىلىق يول بولۇپ، يامغۇر ياغمىغان چاغدا ھەممە يەردە چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى، يامغۇر ياغقاندا پاتقاق يولغا ئايلىناتتى؛ قاتناش قورالىمىز ئاساسەن ئات ھارۋىسى، ئېشەك ھارۋىسى بولۇپ، ئەڭ ياخشىسى ۋېلىسىپىت ئىدى، ھەر قېتىم ئاپتوموبىلنىڭ يولدىن ئۆتكىنىنى كۆرگەندە كىچىك ھەمراھلىرىم بىلەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ خېلى يىراققىچە يۈگۈرەيتتۇق؛ ئۆيدە بىرەرسى ئاغرىپ قالسا كېسەل كۆرسىتىش ھەممىشە ناھايىتى قىيىن بولاتتى، مەكتەپكە بېرىشتا دائىم ئۇزۇن يول مېڭىشىمىزغا توغرا كېلەتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ غەمخورلۇقىدا، بىز كەڭ، ئازادە، راھەت ئەمىن ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىردۇق، پاتقاقلىق يوللار كەڭ، تۈپتۈز ئاسفالت يولغا ئايلاندى، ئاممىۋى ئاپتوبۇس كەنتلەرگىچە قاتنىدى، كىشىلەرنىڭ سەپەرگە چىقىشى تېخىمۇ قولايلاشتى، ھەممە ئائىلىدە ھەر خىل قاتناش قوراللىرى بار بولدى. كەنتلەردە يەنە يەسلى، كىچىك مەيدان، كىچىك بازار بار بولدى، يۇرتىمىز بارغانسېرى چىرايلىق بولۇپ كەتتى!

ئۇزاقتىن بۇيان، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىز دىنىي خادىملارغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى، كۆيۈندى، بىزنى ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىغا كىرگۈزدى، تۇرمۇش ياردەم تولۇقلىمىسى تارقاتتى. مەسچىتلەردە «يەتتىنى كىرگۈزۈش، ئىككى بولۇش» «توققۇزنى سەپلەش»نى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە دىنىي پائالىيەت شارائىتىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ياخشىلىدى. دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرى مۇكەممەللەشتى، مەسچىتتە يۇيۇنغىلى بولىدىغان بولدى، ناماز ئوقۇغاندا يازدا ھاۋا تەڭشىگۈچ، قىشتا پار بار بولدى، يەنە تورغا چىقىپ يېڭىلىقلارنى كۆرگىلى بولىدىغان بولدى.

ئىلگىرى يۈز بەرگەن زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)لىرى نۇرغۇن بىگۇناھ ئاممىنى ھاياتىدىن ئايرىدى، مەن ئامېرىكىدىكى ئاشۇ سىياسەتۋازلاردىن شۇنى سورىماقچى، ئەجەبا بۇ سىلەرنىڭ ئاتالمىش «كىشىلىك ھوقۇق»ىڭلارمۇ؟ ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ماقۇللىغان ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»دە، جۇڭگونىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە تېررورىزمغا زەربە بېرىشتە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى خالىغانچە بۇرمىلىنىپ، قارا چاپلاندى. ئامېرىكىدىكى ئاشۇ سىياسەتۋازلار پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ ئىناقلىق ـ مۇقىملىقى، ئىقتىسادىنىڭ سىجىل تەرەققىي قىلغانلىقى، خەلقنىڭ خاتىرجەم ياشاۋاتقانلىقىدەك چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى كۆرۈشنى خالىمىدى، ئۇلارنىڭ ماھىيىتى دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى توسۇشتۇر.

شىنجاڭ ئەزەلدىن جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى. ھازىر، شىنجاڭنىڭ چوڭ ۋەزىيىتى سىجىل مۇقىم بولۇپ، ۋەزىيەت سىجىل ياخشىلىنىشقا يۈزلەندى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مۇستەھكەملەندى، دىنلار ئىناق، رايىش، شەھەر ـ يېزىلاردا جەمئىيەت تىنچ بولۇپ، ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو (ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك ئاشتى، بىز شىنجاڭنىڭ تېز تەرەققىياتى ئېلىپ كەلگەن ئەمەلىي نەپىنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇق.

شىنجاڭدا ماڭا ئوخشاش ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ناھايىتى ياخشى تۇرمۇش كاپالىتىگە ئېرىشىشى ھۆكۈمەتنىڭ بىزگە خاتىرجەم، ئازادە تۇرمۇش يارىتىپ بەرگەنلىكىدىن بولدى. نەپكە ئېرىشكۈچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭغا بولغان مېھىر ـ شەپقىتىنى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە قىلغان سەممىي غەمخورلۇقىنى چوڭقۇر بىلىمەن، قەلبىم پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە بولغان مىننەتدارلىق بىلەن تولدى، مەن شۇنى چوڭقۇر چۈشىنىمەنكى، پەقەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە ئەگىشىپ ماڭساقلا، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز ئالدىن بارغانسېرى گۈزەل بولىدۇ.

مەن دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى توغرا ئېتىقاد قىلىشقا، توغرا يولدا مېڭىشقا، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ سىڭدۈرۈلمىچىلىكىگە تاقابىل تۇرۇشقا، ھوشيارلىقىنى ئۆستۈرۈپ، كۆزىنى روشەنلەشتۈرۈپ، زوراۋان ـ تېررورچى ئۇنسۇرلارنىڭ رەزىل غەرىزى ۋە يىرگىنچلىك ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئېنىق تونۇپ، بايرىقى روشەن ھالدا بارلىق زوراۋانلىق، تېررورلۇق قىلمىشلىرىغا قارشى تۇرۇشقا يېتەكلەيمەن. بىز بۈگۈنكى تەستە قولغا كەلگەن چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى ھەسسىلەپ قەدىرلەپ، تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، شىنجاڭنى داۋاملىق ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ياخشى گۈللەندۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ گۈللەنگەن، مۇقىم، مىللەتلەر ئىتتىپاق، جەمئىيەت ئىناق بولغان پاكىتلار ئارقىلىق تۆھمەت قىلىپ قارا چاپلىغانلارغا ئەڭ كۈچلۈك قايتۇرما زەربە بېرىشىمىز كېرەك.

شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ھەرقانداق سۇيىقەست جەزمەن ئەمەلگە ئاشمايدۇ

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تارىخنى بۇرمىلاپ ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، پاكىتنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. شىنجاڭ جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى. شىنجاڭ ئەزەلدىن كۆپ خىل دىن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان رايون، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى جۇڭخۇا مەدەنىيىتى قوينىدا يېتىلىپ تەرەققىي قىلغان. ئىسلام دىنى ئۇيغۇر مىللىتى ئەلمىساقتىن تارتىپ ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن دىن ئەمەس ھەم بىردىنبىر ئېتىقاد قىلغان دىن ئەمەس. يېقىنقى زاماندىن بۇيان، جۇڭخۇا مىللىتى ھايات ـ ماماتلىق خەتەرلىك پەيتكە دۇچ كەلگەندە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە جاسارەت بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، دۆلەتنىڭ قىيىنچىلىقىنى يېڭىشكە ئورتاق ئاتلىنىپ، تىللاردا داستان بولغۇدەك ۋەتەنپەرۋەرلىك سەھىپىلىرىنى ئورتاق پۈتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق، ئىناقلىق ئاساسىدىكى يېڭى مەزگىلگە كىردى.

ئۆتكەن بىر مەزگىلدە، شىنجاڭ تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە چوڭقۇر ئۇچرىدى، خەلقنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ئېغىر تەھدىتكە ئۇچرىدى. چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىكى «ئۈچ خىل كۈچ» جۇڭگونى پارچىلاش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، تارىخنى قەستەن بۇرمىلاپ، ھەق ـ ناھەقنى ئارىلاشتۇرۇۋەتتى. ئۇلار شىنجاڭنىڭ ئەزەلدىن جۇڭگو زېمىنى ئىكەنلىكىنى يوققا چىقىرىپ، شىنجاڭنىڭ ئەزەلدىن كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، كۆپ خىل مەدەنىيەت ئالماشقان، كۆپ خىل دىن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىدەك ئوبيېكتىپ پاكىتنى ئىنكار قىلىپ، شىنجاڭنى تەلۋىلەرچە بىمەنىلىك بىلەن «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتاپ، شىنجاڭ «مۇستەقىللىقى»نى تەرغىب قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنى جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىدىن، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى كۆپ مەنبە بىر گەۋدىلەشكەن جۇڭخۇا مەدەنىيىتىدىن ئايرىۋېتىشكە ئۇرۇندى.

شىنجاڭنىڭ قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشتىكى ھەققانىي ھەرىكەت؛ شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشتىكى ئۈنۈملۈك تەدبىر؛ ھەر مىللەت ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىشتىكى ئەمەلىي ھەرىكەت. بۇنىڭغا، مەن قەتئىي ھىمايە قىلىدىغانلىقىم ۋە قوللايدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن. ھالبۇكى، ئامېرىكا تەرەپكە قايتا نەزەر سالساق، ئاتالمىش «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاش تېررورىزمغا مەدەت بەرگەنلىك، يامانغا يانتاياق بولغانلىق، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش نەتىجىلىرىنى يامان غەرەزدە ئىنكار قىلغانلىق ۋە يوققا چىقارغانلىق، خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ھەمكارلىقىغا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىق. ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ بۇ خىل «كىشىلىك ھوقۇق»نى دەستەك قىلىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسۇشتەك ئىپلاس قىلمىشىغا قارىتا، مەن كۈچلۈك ئەيىبلەيدىغانلىقىمنى ۋە قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

بۇرۇندىن تارتىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى قانۇن بويىچە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ۋە ئاساسىي ئەركىنلىكىنى قوغداشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى، شىنجاڭدىكى 25 مىليون ھەر مىللەت خەلقنىڭ ياشاش ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقى ئەڭ زور دەرىجىدە كاپالەتلەندۈرۈلدى. شىنجاڭ قانۇن بويىچە بىر يۈرۈش ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرىنى قوللانغاندىن بۇيان، ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى، شىنجاڭدا گۈللەنگەن، مۇقىم، مىللەتلەر ئىتتىپاق، جەمئىيەت ئىناق بولغان ياخشى ۋەزىيەت نامايان بولدى، بۇ، جۇڭگونىڭ خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىشلىرىغا قوشقان مۇھىم تۆھپىسى. 2018 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن بۇيان، 70 نەچچە تۈركۈمدىكى چەت ئەللەرنىڭ تۈرلۈك ئۆمەك ـ گۇرۇپپىسىدىكى 1000دىن ئارتۇق ئادەم قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ ئېكسكۇرسىيەدە، زىيارەتتە بولدى. ئۇلار ئومۇميۈزلۈك مۇنداق بىلدۈردى: ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرگەن شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى غەربتىكى ئايرىم سىياسەتۋازلار ۋە تاراتقۇلارنىڭ ئېيتقانلىرى بىلەن تامامەن ئوخشىمايدىكەن، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ئۇسۇلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تېررورىزمغا زەربە بېرىش، ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش ئاساسىي مەقسىتى ۋە پرىنسىپىغا تامامەن ئۇيغۇن بولۇپ، تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ۋە ئۆگىنىش، ئۆرنەك قىلىشقا ئەرزىيدۇ. كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىنى نەق مەيداندا زىيارەت قىلىپ باققان بىر قىسىم چەت ئەل تاراتقۇلىرىنىڭ مۇخبىرلىرى خەۋەر ئېلان قىلىپ، كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئوبيېكتىپ تونۇشتۇردى. 2019 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، 60 نەچچە دۆلەت 74 ـ نۆۋەتلىك بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنى مەزگىلىدە بەس ـ بەستە سۆز قىلىپ، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ غايەت زور كىشىلىك ھوقۇق تەرەققىياتىنى تەرىپلىدى. شىنجاڭ قانۇن بويىچە قوللانغان بىر يۈرۈش ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرى دەل شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە كىشىلىك ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈندۇر. ھالبۇكى، ئامېرىكا تەرەپ ئەكسىچە ئۆزىدىكى دۆلەت ئىچىدە قوراللىق زوراۋانلىقنىڭ خەۋپى ئېغىر بولۇش، دىنلار سىغدۇرۇشچان ئەمەس دېگەن گەپ ـ سۆزلەر ئەۋج ئېلىپ كېتىش، ئۆچمەنلىك جىنايىتىدە يەنە يېڭى رېكورت يارىتىلىش، ئافرىقىلىقلار ئەۋلادلىرىنىڭ ياشاش ئەھۋالى كىشىنى ئەندىشىگە سېلىش، كۆچمەنلەر سىياستى تۈپەيلىدىن قان قېرىنداشلار ئايرىلىپ كېتىش قاتارلىق ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى ئاڭلىماسلىققا سالدى، كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سالدى، ئۆزى رەزىللىككە تولغان تۇرۇقلۇق، جۇڭگونىڭ ئىشىغا كەلسە ـ كەلمەس قول تىقتى، ئۇ يولغا قويغان كىشىلىك ھوقۇق قوش ئۆلچەمنىڭ رەزىل ئەپت ـ بەشىرىسىنىڭ چاۋىسى چىتقا يېيىلدى.

نۆۋەتتە، شىنجاڭدا جەمئىيەت ئامانلىقى ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، ئەسەبىيزمنىڭ سىڭدۈرۈلمىچىلىكى ئۈنۈملۈك توسۇلدى، ھەرقايسى مىللەتلەر ئىتتىپاق ـ ئىجىل، دىنلار ئىناق ـ رايىش ئۆتۈۋاتىدۇ. ھەر مىللەت خەلق شىنجاڭنىڭ تىنچ ـ خاتىرجەم، گۈللەنگەن، تەرەققىي قىلغان ۋەزىيىتىنىڭ تەستە قولغا كەلگەنلىكىنى، تاشقى كۈچلەرنىڭ ئۆكتەملىك بىلەن ئارىلىشىشىغا قەتئىي يول قويۇشقا بولمايدىغانلىقىنى، جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ دۆلەتنىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئىرادىسىنىڭ ئۇيۇل تاشتەك چىڭلىقىنى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش قەدىمىنى توسۇپ قالغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھەقىقىي ھېس قىلدى. مەن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، ھەرقايسى مىللەت قېرىنداشلار ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇپ، ئورتاق كۈرەش قىلىدىغانلا بولسا، شىنجاڭنىڭ ئەتىسى چوقۇم تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ! شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسىدىغان ھەرقانداق سۇيىقەست جەزمەن ئەمەلگە ئاشمايدۇ.